# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 ·（维吾尔文）

(بۇ سان ئالتە بەت)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65—0002 / Z

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى(ۋەكالەت نومۇرى: 1—57)

1997 - يىل
ئاپرېل
18
جۈمە

**ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋارايى:**
كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا ئوچۇق، بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ، تېمپېراتۇرا ℃ 11 — ℃ 23 بولىدۇ، ئۇچ بال شامال چىقىدۇ.

مۇھىم خەۋەرلەر


قۇربان ھېيتىڭلارغا مۇبارەك

ھۆسن خەتنى مۇختار ئەپرى يازغان

## ئاپتونوم رايون قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن چاي ئۆتكۈزدى

### ئابلەت ئابدۇرېشىت چايغا رىياسەتچىلىك قىلدى، چايدا ۋاڭ لېچۈەن قىزغىن سۆز قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز مۇھەممەتئىمىن ئوبۇل خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن چاي ئۆتكۈزدى.

چايغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە بىكتۈەن رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامدىن نىياز، جانابىل، جۇشېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، لى لياڭخۇي، جۇيۇگشۇن، ۋاڭ چۈەنيۇ، خۇجيايەن، رېن چىڭشېن قاتارلىقلار قاتناشتى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت چايغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتىنى تەبرىكلىدى ۋە ھېيت مەزگىلىدە ھەرقايسى سەپلەردە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىدىن سەممىي ھال سورىدى.

ۋاڭ لېچۈەن چايدا قىزغىن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 -، 6 - ئومۇمىي يىغىنلىرى ۋە مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5-يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى ۋە مۇھىم خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، مۇقىملىقنى قوغداپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، سىياسىي مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىناق ئۆتىدىغان، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 9 - بەش يىللىق پىلاننىڭ تۇنجى يىلىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن 19 - يىلمۇ مول ھوسۇل ئالدۇق، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا داۋاملىق ئېشىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى، پۇل پاخاللىقى تىزگىنلەندى، خەلق ئىگىلىكىدە ئومۇمەن ساغلام تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى قوغدالدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: 1997 - يىلى ئېلىمىز تارىختىكى تەرەققىياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر يىل. بىز يېڭى ۋەزىيەتكە ۋە تېخىمۇ مۇشكۈل ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلمەكتىمىز. بىز مەركەزنىڭ تەلىپى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يېزا ئىگىلىكىنى ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى 1-ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا بۇ يىل يەنە مول ھوسۇل ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا دائىر كونكرېت تەلەپ ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ساپاسى، ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز، يول ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كۈچەيتىپ، تۈۋرۈك كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى پائال يېتىلدۈرۈشىمىز ۋە ئۇنى يۆلىشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشى توغرىسىدا بىر قانچە مىزان (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 16 - ئاپرېل تېلېگراممىسى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى يېقىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشى توغرىسىدا بىر قانچە مىزان (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى بېسىپ تارقاتتى ۋە پۈتۈن پارتىيىدىن ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنى، ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ج ك پ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى جاۋ خۇڭجۇ بۈگۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «پاك - دىيانەتلىك بولۇش مىزانى» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيە - ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى يەنە بىر زور تەدبىرى بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، «مىزان»دا پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشى توغرىسىدىكى ھەرىكەت ئۆلچىمى بىر قەدەر سىستېمىلىق، ئەتراپلىق، ئومۇميۈزلۈك، ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«مىزان» ئۈچ باب، 14 ماددا بولۇپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇشنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى، يولغا قويۇش ۋە نازارەت قىلىش، قوشۇمچە پرىنسىپ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.





## ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئاز سانلىق مىللەت پېشقەدەم كادىرلىرىنى يوقلىدى

ئۆز مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ نەنجۇ، چېن يەن، جىن چۈەن خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق

ۋە خەلق ھۆكۈمىتى جەزمەن ھەل قىلىدۇ.

قۇربان، قۇربان روزى، قۇربان ئەللەرنى يوقلىدى، يەنە قۇسايىن سىيابايۇۋنىڭ ئايالىنى

# مۇقام دەرياسى

**ئابدۇكېرىم ئوسمان**

بوبىلىرىڭدىن ئاللىقىم پۇرىسا گۈلدەك،
مۇقام بولۇپ جۇش ئۇرىدۇ دىلدا ھاياجان.
قۇياش مۈككەن دولقۇنىڭغا مىنگىشىپ يۈرەك،
بۈيۈك سەنئەت ئالىمگە يول ئالار شۇئان.
سەن نۇرانە شاھ، مۇقاملار دەرياسى ئەلۋەك،
سەن سۆيگۈمنىڭ زەر بۆشۈكى قەدىم زەرەپشان.
جان كۆكلىتەر مۇقامىڭدىن قۇتلىنار تىلەك،
سەن ئالەمگە مېھىر بەرگەن ئانا - جانجان.
تومۇرۇمدا ئاقار ئوخچۇپ سەن تۇغقان كۈيۈم،
تامار شۇڭا مۇقام بولۇپ دىللارغا سۆيگۈم.

گاھى دىشۋار، رەنجىشلىرىم بېسىلار سەندىن،
تەمكىنلىككە، ھوش- ئەقلىگە باشلايسەن ھامان.
سەن كۈيلىگەن ئانا-خەلقىم، ئانا ۋەتەندىن،
كۈيلىرىمگە ئۇن ئالىمەن، تېنىمگە مادار.
ساڭا سىرداش يۇرۇڭقاش ۋە تارىم، تۇمەندىن،
ھېسلىرىمغا يۈكلىنىدۇ مۇقەددەس ئارمان.
زامان ئەنە يېڭى ھېكمەت، مەرىپەت-پەندىن
تاشلار ماڭا مۇشكۇل سىناق، ئاللاش، ئىمتىھان.
بۈرچۈم سېنىڭ مۇقامىڭدەك ۋەزنىلىك، نۇرلۇق،
ئۈمىد ئىچرە چاراقلايدۇ ئۇستۇمدە ئۇپۇق.

يىگىتلىكىم دالاسىدا كۈيلەيسەن ھەيۋەت،
مۇقامىڭدا شاش تۇلپارنىڭ كىشنەشلىرى بار.
ئەسلىمەمدىن چىقساڭ بولۇپ پارلاق سەلتەنەت،
تىۋىنىدۇ بارچە ئەللەر قۇچۇپ ئىپتىخار.
يۈرىكىمنى دۈپۈلدىتەر شۇندا زور قۇدرەت،
بۈيۈك ئەجداد ئىستىكىدە تۇتىدۇ خۇمار.
سەن ياراتقان مەڭگۈ قىران ھېكمەت، ھەقىقەت،
كۈن ئۇرىدا غۇرۇرۇمغا بولىدۇ تۇمار.
ئەجدادىمنىڭ داۋىنىدا ئانەش لاۋاسەن،
يىگىتلىكىم چوققىسىدا ياڭراق ساداسەن.

مەن بارىمەن مۇقامىڭنىڭ قاناتلىرىدا
غايەم - گۈلگۈن، مەنزىلىمگە تەمكىن، ئۈمىدۋار.
قەرزىم، بەختىم - بۈرچلارنى قىلماقلىق ئادا،
مۇشەققەتلىك مۇساپەمدە خەلقىم مەدەتكار.
مۇقاملاردەك ئاۋۇپ بۇدەم تىلەك، ئىلتىجا،
ئۇڭ- سولۇمدا جاراڭلايدۇ تەكرار ۋە تەكرار.
نۇرلىنارمەن تىلەكلەرنى ئەيلىسەم بىجا،
بولۇپ خەلقىم يۈرىكىدە ئەبەدىي زۇننار.
ئۈمىدىڭنى ئەلۋەك قىلغىن مۇقام دەرياسى،
ئىھ، زەرەپشان - قۇياش تۇغقان سۆيگۈ دۇنياسى!

# كۆتۈرەڭگۈ كۈيلەر

**ھاجى مۇھەممەت**

## كېلەچەك يۇلتۇزلىرى

ئۈيۈشۈپ تۇتۇپ چىڭ قوللارنى،
مۇستەھكەم سەپ بولۇپ راسلاندۇق.
بىر نىيەت- مەقسەتتە ھەممىمىز،
نۇرانە ئەتىگە ئاتلاندۇق.

ياشنايمىز ئىلىم-پەن نۇرىدا،
تەلپۈنەر بىلىمگە قەلبىمىز.
يېتىلسەك يارامىلىق ۋارىس بوپ،
تەشەككۈر ئېيتىدۇ خەلقىمىز.

ئەل-ۋەتەن ئۈمىدى شەرەپلىك،
ئەبەدكە ئەستە چىڭ ساقلايمىز.
كېلەچەك يۇلتۇزى بولۇپ بىز،
ئىستىقبال كۆكىدە چاقنايمىز.

## مەرىپەت يولى


شۇ يول بىلەن مېڭىۋاتىمىز،
ئەقلىمىزنى بىلگەندىن باشلاپ.
ئىلىم-پەنگە بەردۇق ئىشتىياق،
بەگباشلىقنى ئەلتۆكۈس تاشلاپ.

كەلگۈسىگە باشلايدۇ بۇ يول،
كۆزلىگەنگە چوقۇم يېتىمىز.
زېمىمىزدە بار ئەل ئۈمىدى،
بۈيۈك بۇرچ يۈدۈپ كېلىمىز.

بۇرۇنقىلار ماڭغان بۇ يولدا
ماڭماقتىمىز بىزمۇ داۋاملىق.
بولسا داغدام مەرىپەت يولى،
ئەۋلاد چوقۇم بولار يارامىلىق.

# شېئىرلار

**ئابلىمىت ئابدۇكېرىم**



باھار ھىممىتى

ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

# يۇرتۇم

**ئۆمەر ئىسمائىل**

يېتىپ كەلگەچكە سەن كۈتكەن خۇشاللىق چاغلىرىڭ يۇرتۇم،
چۆمۈلدى توي ناۋاسىغا دالا ھەم تاغلىرىڭ يۇرتۇم.

تۇغۇلدۇم سەندە چوڭ بولدۇم، مۇقەددەس قىبلىگاھىمسەن،
بىلىنگەي مەن ئۈچۈن گۈلشەن قاقاسلىق سايلىرىڭ يۇرتۇم.

نە ھاجەتتۇر ھەۋەس قىلماق خىيالى باغى ئىرەمگە،
بېرەر جەننەت ھوزۇرىنى چىمەنزار باغلىرىڭ يۇرتۇم.

بولۇپ سەپنىڭ چەۋەندازى روناق تاپتى ھالال تەردىن،
قۇرۇپ كارخانا ھەم زاۋۇت ئەقللىق بايلىرىڭ يۇرتۇم.

پايانسىز يايلىقىڭ كۆركەم، زىلال سۇلار ئېقىپ تۇرغاچ،
قىشى ياز ئوتلىشار ئۇندا كالا، قوي، تايلىرىڭ يۇرتۇم.

توقار ئەتلەس، گىلەم، شايى قوشۇپ دىل رىشتىنى ھەرچاغ،
چېۋەر - چاققان ماھارەتلىك قولى گۈل، ئايلىرىڭ يۇرتۇم.

يېگىپ توسقۇننى جەڭ قىلسا، بولۇپ خەلقىڭ ئۇيۇلتاشتەك،
كىيەر ئالتۇن لىباسىنى جىمكى جايلىرىڭ يۇرتۇم.

# ئىككى غەزەل

**مۇھەممەتجان راشىدىن**

1

گۈلۈم ياشنايلى، دۇنيادىن جاپا تارتقانچە كەتمەيلى،
چېپىپ كەتمەننى ئۆلگۈچە، قوراي ساتقانچە كەتمەيلى.

ئېگىز ئاسمان قىزى بىزنى بۈگۈن پەرۋازغا ئۈندەيدۇ،
قاناتەت قىبلىمىزدۇر دەپ، قولاق قاققانچە كەتمەيلى.

بىلىندى بارچىگە چۈنكى نادانلىقنىڭ نىنى ئاچچىق،
تۈگەل ئەگىزنى دەريا دەپ يەنە ئاققانچە كەتمەيلى.

تەۋەككۇل چۆلنى بىنەم ساناپ كۆتمەيلى ئالتۇن چەش،
نادانلىق تونىغا ياشنى ئۇراپ ياتقانچە كەتمەيلى.

تۈندە خاتىرجەم يېتىپ ھەم ئۇخلىمايدۇ دۈشمىنىڭ.

دەرد-ئەلەم، قايغۇڭدىدۇر دۈشمەن دېگەننىڭ مەرىكىسى،
ئەھلى يۇرت ئۇن يوقلىسا، بىر يوقلىمايدۇ دۈشمىنىڭ.

سەن ناكا بولغان كۈنى چىن دوستلىرىڭ ئاقساق تامام،
چىن يۈرەكتىن ئۆلەردەك ئاقسمايدۇ دۈشمىنىڭ.

مىڭ كۈلۈپ يۈرگەن بىلەنمۇ چانغىنى چانغان ئۇنىڭ،
قانچە قىلسا دوستلىرىڭغا ئوخشىمايدۇ دۈشمىنىڭ.

# بولدىڭىز

(مەملىكەت بويىچە ئۇن مەشھۇر ياشنىڭ بىرى، دوكتور خالمۇرات غوپۇرغا ئېغىشلايمەن)

**تۇرغان شاۋۇدۇن**

كەسپىڭىزدە شان قۇچۇپ ئىلىمدە مەشھۇر بولدىڭىز،
ماختىلىپ ئەل كۈيىدە ياڭراق غەزەل-خور بولدىڭىز.

كىم ھەۋەس قىلمايدۇ سىزدەك تاپماقنى شۆھرەت ئەل ئۈچۈن،
ئاشۇ شۆھرەتكە مۇناسىپ گەۋھەرودۇر بولدىڭىز.

ئۆتتى يىللار شۇ كەبى تۈننى ئۇلاپ-تاڭغا تالاي،
ھەر مىنۇتنىڭ تەكتىدىن دۇر سۈزگۈچى تور بولدىڭىز.

ئىلمۇ ھېكمەت بابىدا قازىنىپ شانلىق ئۇتۇق،
ھەممىنى تاڭ قالدۇرۇپ خەلقىمگە مەنزۇر بولدىڭىز.

نامىڭىز تىللاردا داستان، سىزگە قايىل ئەل-ئاۋام،
بۇ رىقابەت ئالىمدە تۆھپىسى زور بولدىڭىز.

يارىشاركەن تۆر دېگەن كىم تاپسا شۆھرەت ئەجرىدىن،
ئەھلى - ئالەم سەھنىسىدە تۇنجى ئۇيغۇر بولدىڭىز.

بارچە ئەل سۆيگەن ئوغۇلدىن كىممۇ ماختالماس خۇشال،
ماختىنىشقا ئەل ئارا بىزگە بۈيۈك تۇر① بولدىڭىز.

قولىڭىزدا ساقىيىپ چىقتى تالاي سىرلىق كېسەل،
ئەسلىتىپ ئىبنىسىنانى شۆھرىتى پۇر بولدىڭىز.

تەڭرىتاغ پەرزەنتى سىز، تەڭرىتاغدەك ۋەزنىڭىز،
قەلبىدە ئەلنىڭ شۇ تاغدەك قامىتى زور بولدىڭىز.

تەڭرىتاغ ئاسمانى كەڭ ئۆرلەڭ يەنە پەرۋاز قىلىپ،
تەڭرىتاغ بۈركۈتىگە تەققاس تەسەۋۋۇر بولدىڭىز.

---

① تۇر — مۇنار

# ئىككى غەزەل

**زوردۇن ئىمىر**

## مەھەللەم

گۈل پۇرايسەن بۇرنۇمغا بوستان مەھەللەم،
گۈزەللىكنىڭ كۆكىدە چولپان مەھەللەم.

مەن تۇغۇلدۇم قوينۇڭدا باقىنىڭ پەپلەپ،
ئانا قىلدىڭ كۈچ-قۇۋۋەت، دەرمان مەھەللەم.

مېۋە بەردىم، ئاينىدىم، كۆكلەپ ئەجرىڭدە،
قىلدىڭ ئىشقى -مېھرىڭنى ئوكيان مەھەللەم.

تۇپرىقىڭنى زەر دېمەن، سۇلىرىڭ كەۋسەر،

## گەپ تېپىپ

تىنچ كۆڭۈلنى غەش قىلۇرسەن گەپ تېپىپ،
سۇنى بۇلغاپ لەش قىلۇرسەن گەپ تېپىپ.

بىرنى تىللاپ، بىرنى ماختاپ -ئۇچۇرۇپ،
سامانىنمۇ چەش قىلۇرسەن گەپ تېپىپ.

سۆز ياسايسەن بۇزۇپ توغرا جۈملىنى،
چېكىتنىمۇ بەش قىلۇرسەن گەپ تېپىپ.

تېز تارايدۇ ئېغىزىڭدىن شۇم خەۋەر،

## ئۇستاز

شۇ مۇقەددەس مۇنبەردە،
ئۆتكۈزدىڭىز يىللارنى.
جىسمىڭىزنى شام قىلىپ،
يورۇتتىڭىز دىللارنى.

ئەر تۆكتىڭىز بىز ئۈچۈن،
ئانىمىزدەك كۆيۈنۈپ.
كېتەر شۇنى ئۇيلىساق
دىللىرىمىز سۆيۈنۈپ.

ئۇستاز ئەجىر- مېھرىڭىز،
ئۇنتۇلمايدۇ دىللاردا.
تەرىپىڭىز كۈيلىنەر،
داستان بولۇپ تىللاردا.

## ئۈمىد ناخشىسى

ئۈمىد دېگەن روھىي كۈچ،
سېنى ئالغا يېتەكلەر.
ئۈمىد بىلەن تىرىشساڭ،
ئارمانلىرىڭ چېچەكلەر.

ئۈمىد دېگەن قاناتتۇر،
ئۇچاي دېسەڭ پەر قېقىپ.
ئۈمىد بىلەن يۈز ئاچار،
ساڭا بەخت خۇش بېقىپ.

ئۈمىدۋار بوپ بوشاشماي
ئىزدەن شۇڭا ھەرقاچان.
پەن-مەرىپەت يولىدا
قۇچاي دېسەڭ شەرەپ-شان.

## بورنى ئاسرايلى

بور ئەمەسمۇ بىز ئۈچۈن
قۇربان قىلىپ ئۆزىنى،
ئاچقان ئىلىم نۇرىدا
ھەممىمىزنىڭ كۆزىنى.

بور ئەمەسمۇ بىلىمنىڭ
يېشىپ بەرگەن سىرىنى.
قەلبىمىزدىن تازىلاپ،
نادانلىقنىڭ كىرىنى.

دوستلار شۇڭا بورنى بىز،
بۇزۇپ، چاچماي ئاسرايلى.
ئۆسۈپ ساغلام، ئەدەپلىك،
بۇرچىمىزنى ئاقلايلى.

## ئەخلاق - ئادەم زىننىتى

كۆرگىنىڭدە چوڭلارنى
سالام بېرىپ ئۆگىنىگىن.
كىچىكىڭدىن مۇلايىم،
ئەدەبلىك بوپ يېتىلگىن.

مەھەللىدە، مەكتەپتە
دوستلار بىلەن ئۆت ئىناق.
قىلىقلىرى سەتلەردىن
كىچىكىڭدىن بول يىراق.

كىيىم ئەمەس بىلىۋال
«ئەخلاق - ئادەم زىننىتى».
بولسا كىمكى ئەخلاقلىق
ئاشار شۇنىڭ ئىززىتى.

**بالىلار ئۈچۈن**

## پارچىلار

### غوپۇر راخمان

مەنۋى گادايلىق ياماندۇر -يامان،
رەڭگىنى سارغايتىپ قىلىدۇ سامان.
پۇلغىلا ئېتىقاد باغلىساڭ ئاخىر،
پۇشايمان دەشتىدە قالىسەن ھامان.

بەزىلەر ئاغزىدا «شەھەر» ئالىدۇ،
گوياكى «چولپان» بوپ كۆكتە يانىدۇ.
چۇشكەندە ھەقىقىي بەيگە- سىناقتا،
شالىنىپ بەرىبىر چەتتە قالىدۇ.



ئادالىق ئوتىغا باسنى تۇراپ ياناقچە كەتمەيلى.

تىرىك جان ئەھلىگە، بىلسەڭ، ئاۋۋال ناندىن ئەقىل لازىم،
ئىلىم-پەن دەپ ئاران بىر تال قەلەم ئاسقانچە كەتمەيلى.

بۇ تاغلار كەينىدە تاغ بار، ئاران ئاشساق ئېدىر ئاشتۇق،
ھۈنەرسىز بىزگە ئىقبال يوق، كىگىز باسقانچە كەتمەيلى.

گۈلۈم، ئەتەڭگە پال ئاچما، ئاڭا قادىر ئەمەس پالچى،
گۈزەل دەپ ئەتىمىز ئاندىن، قوشاق قاتقانچە كەتمەيلى.

2

قۇت سېنىڭ قونسا بېشىڭغا قۇتلىمايدۇ دۈشمىنىڭ،

كىم خۇمار كۆز ياشلىرىڭغا بۇندا دۈشمەندىن بۆلەك،
شۇ سەۋەب سەن قاقشىغانغا قاقشىمايدۇ دۈشمىنىڭ.

كۈلكە- قىقاسلاردا كىم دوست، كىم رەقىب، بىلمەك قىيىن،
بايقىساڭ، سەن ماختىغاننى ماختىمايدۇ دۈشمىنىڭ.

سەن گۈلىستاندىن چىقارسەن، ئۇ تىكەنلىكتىن لېكىن،
ھېچقاچان سەن ئاقلىغاننى ئاقلىمايدۇ دۈشمىنىڭ.

ماڭسا، تۇرسا ساڭا ئاپەت، ئۆزىگە ئامەت تىلەر،
باغلىرىڭغا ياغسا يامغۇر، ياقلىمايدۇ دۈشمىنىڭ.

# تاتلىق سۆزلۈك سويار دۈشمەن پوستىنى
# سوغۇق سۆزلۈك دۈشمەن قىلار دوستىنى

**قەيسەر ھېسامىدىن** يازغان

## ھېيت نەزمىسى

### روزى سايىت

#### ئايەم كۈلكىسى

كۆكتە ناۋا، يەردە ساما - ئايەم كۈلكىسى،
ئۇشبۇ شادلىق بارچە شادلىقلارنىڭ ئۈلگىسى.

ناغرا، سۇناي ئاۋازىدىن بۇلبۇللارمۇ مەست،
شۇنچە جۇشقۇن باھاردىكى بەخت مەرىكىسى.

نەگە بارماڭ بەزمە، مەشرەپ-شاھانە سورۇن،
نەگە باقماڭ گۈلدەك چىراي - ئايەمنىڭ تۈسى...

ئادەملەر خۇش، كۆڭۈللەر شاد، داستىخانلار مول،
دىماقلارنى غىدىقلايدۇ قورۇما بۇسى.

ھېيتنى ھېيتقا ئۇلايدۇ ئەل ھەر يىلى شۇنداق،
توختىمايدۇ ئۆمۈر بويى ئايەم كۈلكىسى!

#### باھاردىكى ھېيت

باھاردا كەلدى قۇربان ھېيت قەۋمىنى قەلبداش ئەيلەپ،
يىگىت - قىزلارنى خۇش -خۇرسەن، ياشانغانلارنى ياش ئەيلەپ.

قاراڭ، ھەر ئۆيدە ساڭزا ۋە باقالى، نان-توقاچ تۆكمە،

دۇخۇپكا، چوڭ تونۇر، داڭقان ئىچىنى ئالدىراش ئەيلەپ.

چىقىپ كىگىز -كېچەك سىرتقا ئۆزىنى پاكلىدى چاڭدىن،
قېنىپ بىر ئۇخلىماس ئۇستام پاسونلۇق ئۇستىباش ئەيلەپ.

جانان قىزلار بېرىپ زەرگەر يېنىغا نۇسخا تاللايدۇ،
جۇلادا كۆكرىكى، بوينىمۇ زەر زەنجىر ھاپاش ئەيلەپ.

جۇۋانلار تىكلىمە ئەينەك تۈۋىنى نەچچە ئايلانمىش،
ئېسىپ زۇلفىغا چاچتەڭگە، يېشىل ئوسمىنى «قاش» ئەيلەپ...

يەنە بار، بانكا تەق قىلدى پېچەت پۇللارنى كەنتۇرغا،
بوۋايلار پارچىلار پۇلنى بانكىدىن ئايرىۋاش ئەيلەپ.

يىگىتلەر شادلىقنى بىر دېمەڭ! تەييارلىدى سوۋغا،
نىگار - مەھبۇبىغا ئىشقى سىرىنى ئەمدى پاش ئەيلەپ...

بۇ ھېيت دېھقانغا ئاش، پاختا پۇلىنى ئالدىدىن بەردى،
مۇھەببەت ئىلكىدە ھەركىمنى تەڭ، ئوخشاش باغاش ئەيلەپ.

بۇ ھېيتنى ناخشا، مەشرەپ ئىچرە غەرق قىلدى زامان، ھەيھات،
مۇراد- مەقسەت، ئۈمىد- ئارزۇنى پاتماس نۇر- قۇياش ئەيلەپ.

گۈل-گىياھنىڭ خۇش پۇراق، رەيھان مەھەللەم.

ئۆگمەيدۇ تەرىپىڭ كۈيلىسەم ئەسلا،
شان-شەرىپىڭ تىللاردا داستان مەھەللەم.

گۈللە يەنە، گۈللەيمەن بىر ئۆمۈر سېنى،
بۇ مەندىكى ئەقىدە - ئارمان مەھەللەم.

بىرنى ئۈچ، تۆت، بەش قىلىۋرسەن كەپ يېپسى،

قۇراشتۇرۇش - چۇۋۇۋېتىشمۇ ماھىرسەن،
«سوۋۇتقۇ»نى «مەش» قىلىۋرسەن كەپ يېپسى.

بولغاچ كەسپىڭ «ساختىلىق» ئەي «قويىمچى»،
كۆڭلى شۇنداق كەچ قىلىۋرسەن كەپ يېپسى.

## ئانا

### مۇھەممەتجان سادىق

1

مەيلىدى كەتسەممۇ قەلەندەر بولۇپ،
مەيلىدى قالسامۇ ئېغىر كۈنلەردە...
رازىدىم كەتسەممۇ ئازابتا ئۆلۈپ،
ئانامىلا ياشىسا كۈلۈپ گۈللەردە!

2

ئاقمەن ئىشقىڭدا جۇشقۇن دەريادەك،
قاقمەن ئۆپكەمنى گۈلدەك بويۇڭغا.

يايرايتتىم ئېچىلغان لەيلى، رەئنادەك،
بىر گۈل بولالىسام ئانا، تويۇڭغا!

3

تۆر ساڭا بولسۇن، پەگاسى ماڭا،
گۈل ساڭا بولسۇن، ماڭا ياپرىقى.
جىمى شۆھرەتنى ئۆتۈندۈم ساڭا،
رازىدىم بولسام ئانام ئامرىقى!

## يۈكسەك ئارزۇ

### نەمەت ناسىر

ئۇپرايدىكەن ئىشلىتىپ تۇرسا،
بۇرغا ئۇچى ئالماس بولسىمۇ.
لېكىن مەھكەم تۇراركەن جەڭچى
جۇدۇن-چاپقۇن بوران چىقسىمۇ.

دېسەم ئۇنى تاش ھەيكەلمىدۇ،
تاغنىڭ چوققىسىغا ئويۇلغان.
دېدى جەڭچى: جىسمىم قەلبىمگە،
ۋەتەن مېھرى چوڭقۇر ئورنىغان.

شۇڭا ۋەتەن تاغ- دالاسىنى،
پولات قورغان بولۇپ ساقلايمەن.

ۋەتەن مېھرى، خەلق ئۈمىدىنى،
پوستا ھوشيار تۇرۇپ ئاقلايمەن.

ئايان بولدى ئىرادىسىدىن،
شۇ جەڭچىنىڭ يۈكسەك ئىستىكى.
ۋەتەن، خەلق ئۈنىڭدىن كۈتكەن،
ئىشەنچ -ئۈمىد، ئارزۇ، تىلىكى.

يۈرىكىمدە ئاشتى مۇھەببەت،
قايىل بولۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە.
تاڭ قۇياشمۇ قۇتلۇقلاپ ئۇنى،
چاچتى نۇرىنى تاغدەك بەستىگە.



تاللاش

ئىسمائىل مۇھەممەت فوتوسى